# 13369 - ساپا-مەرۋىنى تاھارەتسىز سەئيى قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋاتسام تاھارىتىم بۇزۇلدى، تاھارەت يېڭىلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا قادىر بولالمىدىم، ۋىدا تاۋاپى قىلىۋاتقاندىمۇ شۇنداق ئىش يۈز بەردى، تاھارەت

بۇزۇلغان ھالەتتە تاۋاپ قىلغان ۋە سەئيى قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. ئاللاھ ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەتسىز بولسىمۇ ساپا-مەرۋە ئارىسىدا قىلغان سەئيىيىڭىز توغرا بولىدۇ، چۈنكى سەئيى قىلىش ئۈچۈن تاھارەتنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، ئەمما ۋىدا تاۋاپىغا كەلسەك، قىلغان ۋىدا تاۋاپىڭىز توغرا بولماپتۇ، چۈنكى تاۋاپنىڭ سەھىھ بولۇشىدا تاھارەت شەرتتۇر. ئەگەر سىز مەككىدە بولسىڭىز ۋىدا تاۋاپىنى قايتىدىن قىلىڭ، ئەگەر يۇرتىڭىزغا سەپەر قىلغان بولسىڭىز سىزگە بىر قوي جازا كېلىدۇ. بۇنى مەككىدە ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.